# كىشىلەرنى تۇرگە ئايرىش ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە كەلتۇرىدىغان زىيىنى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

شەيخ دوكتور ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز سۇدەيس

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿تصنيف الناس وآثاره السيئة على الأمة﴾

«باللغة الأويغورية»

الشيخ عبد الرحمن بن عبد العزيز السديس

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2009 - 1430

islamhouse.com

# كىشىلەرنى تۇرگە ئايرىش ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى

2009-يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدە -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا: "ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى ئىسلامىي قېرىنداشلىق بەرپا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپىي ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، دۇنيانىڭ ئىنساننى بىئارام قىلىدىغان مەشغۇلىيىتى، ئۇممەتنىڭ ئېغىر كۆلپەت قايناملىرى، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت ئىچىدە كۆپلىگەن كىشىلەر شەرىئەتنىڭ يۈكسەك غايىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسلام قېرىنداشلىقى، دىن بىرلىكى ئۈچۈن رىقابەتلىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بەزىدە بىرلىشىدۇ يەنە بەزىدە ئىختىلاپلىشىدۇ. بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلىشىش، بىر ۋۇۋسكىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىنسانلارنى تۇرگە بۆلۈش، باشقىلارغا گۇمانى قاراشتا بولۇش، ئىشەنچ قىلماسلىق، ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ فىتنە پەيدا قىلىشى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئىستەيدىغان مىللەت ئۈچۈن قەتئىي ياراشمايدىغان بىر ئىش. بەزىلەر ھايا چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ،

ئۈممەتنى مۇھىم مەسىلىلەردىن باشقا ياقلارغا بۇراپ، ھەممە ئادەمگە تەنقىت نەزىرى بىلەن قاراپ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىۋالغانلار ئىدېئولوگىيە غېرىپلىقىدا ياشاۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنى سۆكۈش، ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشنى ئۆزىگە ھۈنەر قىلىۋالغانلاردۇر.

جامائەت سورۇنلىرىدىكى سۆز-چۆچەكلەر، ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدىكى مۇنبەر، مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قۇلاق سالىدىغان بولساق، ئىنسانلار بىر بىرىگە دىنى ئات، قالپاقلارنى كەيدۈرۈپ، بىرنى رادىكال دېسە بىرىنى ۋەھھابى، يەنە بىرىنى سوپى، بەزىلىرىنى مۇناپىق، ئالىملارنىمۇ ھەرخىل تۈرگە ئايرىپ ھاكىملارنىڭ ئالىمى، مۇناپىق ئالىم، رىياكار، قورقۇنچاق دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتايدۇ. فىتنە-پاساتچىلار باشقىلارنى تۈرگە بۆلۈپ، جاراھەتلەندۈرۈشكە پۇرسەت تاپالمىغان تەقدىردە كىشىلەرنىڭ نىيەت-مەقسەتلىرىگە قارىتا گۇمانى قاراشتا بولىدۇ. باشقىلارنى كۆز ئىشارىتى، مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق فىتنە پەيدا قىلىش ھازىرقى زامان مىكروبلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېغىر مىكروبلاردۇر. مىللەت ئىچىدە قاچانكى بىرەر سالاھىيەت ئىگىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى خالىسا، مىللەتنىڭ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مەدەنىيەت ۋە ھازارەت قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويسا چىدىماسلاردىن كۆپلىگەن ھەسەتخور كۇچلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ فىتنە قوزغاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۈممەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بەزى قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويغان كىشىلەرنى ۋە مۇبارەك قۇرۇلۇشلىرىنى تەبرىكلىگەنلەرنى ئىلمانىي، لىبېرالى، غەربپەرەس دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ تەنقىتلەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق ئاساس

يوق، دەلىل ئىسپات تېخى يوق. پەقەتلا ۋەسۋەسە، ئۆچمەنلىك چىدىماسلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىنسانلارنى بۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈش ئەھلى قىبلە مۇسۇلمانلارنى بۆلۈش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيقەستلەر بولۇپ، ئۇلار ئىسلام ئۇممىتىنى بۆلۈشكە سەۋەپ بولۇشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىشى كېرەك. شۇنىمۇ بىلىشى كېرەككى، بۇنداق بۆلگۈنچىلىك ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زىياندىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەيىپلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ ئۇممەتكە كەلتۈرىدىغان زىيان ۋە سەلبىي تەسىرلىرى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئىسلام ئۇممىتى ئۆزىگە لايىق خىزمەتلەرنى ئادا قىلىشقا، مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىچىدە فىتنە-پاسات پەيدا قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلار ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھازىرقى خار-زەبۇنلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ. مىللەت بويىنىدىكى خارلىق زەنجىرى تېخىمۇ پاتىدۇ. مىللەتنىڭ ھازىرقىدەك سەزگۈر ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم خىزمەتلىرى ۋە مەسئۇلىيىتى باردۇر.

مەسجىدىلئەقسا جوھۇدلارنىڭ خىرىسىغا ئۇچراپلا قالماستىن خەتەرلىك باسقۇچتا تۇرماقتا. ئەلئەقسا ھەقىقىي خەتەر ئىچىدە بولىشىدىكى مۇھىم ئامىل مەسجىدىلئەقسانىڭ تېگىنى ھەرتەرەپتىن كولاپ، يىقىلىش خەتىرىگە يولۇقتۇرۇشتۇر. ئىسلام دۇنياسى، ئىسلام تەشكىلاتلىرى، جەمئىيەتلەر، ئالىملار بىردەك مەسجىدىلئەقسانى كەلگۈسى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مەسجىدىلئەقسا زىيونىزىمچى جوھۇدلارنىڭ خىرىسىغا ئۇچرىغاندىن سىرت يىقىتىپ تاشلاش خەتىرىگە دۇچ كەلمەكتە.

يەنە بىر خەتەرلىك مەسىلە بەيتىلمۇقەددەس شەھىرىنى يەھۇدىلاشتۇرۇش سىياسىتىدۇر. جوھۇدلارنىڭ ئاشكارە، مەخپى نىشان ۋە غايىلىرىدىن بىرى بەيتۇلمۇقەددەسنى ئۆز ئەھلى بولغان پەلەستىنلىكلەردىن تازىلاپ، مۇكەممەل يەھۇدىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلام ئۇممىتى بۇ ھەقتە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

بىز ئۇممەت ئىسلامىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن بولغان، بىرىنچى قىبلە 3-ھەرەم دىيارىنى قوغدىيالمىساق تارىخ ئالدىدا يۈزىمىز قارا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا ئازابتىن قۇتىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. پەلەستىن زېمىنىدا بولۇۋاتقان ئىشلار باشقا مۇستەملىكە ئاستىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زېمىنلىرىدىمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ.

ئاخىرىدا خۇلاسە شۇكى، مۇسۇلمان دۇنيانىڭ قايسى بولۇڭىدا بولسۇن خاتىرجەم ياشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ ئەيىپىنى يۆگەش كېرەك، يامان گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئاڭلىغان خەۋەرنىڭ ھەممىگە ئىشەنمەسلىكى، خەۋەرنىڭ راس-يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەستىن تارقاتماسلىقى كېرەك. مۇسۇلماننىڭ شەرىپىنى تۆكۈش ھارامدۇر.